# ئى رەسۇلۇللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەقنى بايان قىلىشتىن ھايا قىلمايدۇ، ئايال كىشى ئىھتىلام بولۇپ قالسا غۇسلى قىلىش كېرەكمۇ؟ دېۋىدى رەسۇلۇللاھ: ئەگەر مەنى كۆرسە غۇسلى قىلىدۇ، دېدى

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئەبى تەلھەنىڭ ئايالى ئۇممۇ سۇلەيم رەسۇلۇللەھنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق سورىدى: ئى رەسۇلۇللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەقنى بايان قىلىشتىن ھايا قىلمايدۇ، ئايال كىشى ئىھتىلام بولۇپ قالسا غۇسلى قىلىش كېرەكمۇ؟ دېۋىدى رەسۇلۇللاھ: ئەگەر مەنى كۆرسە غۇسلى قىلىدۇ، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئۇممۇ سۇلەيم ئەنسارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا شەرئەت ئەھكاملىرىدىن بىر مەسىلىنى سوراش ئۈچۈن كەلدى، سوئالى ئادەتتە ھايا قىلىنىدىغان، ئەۋرەتكە چېتىشلىق بولغاچقا ۋە سورۇندىكىلەرنىڭ تۈيغۇسىغا يېنىك بولسۇن ئۈچۈن سوئالىدىن ئىلگىرى بىر-ئىككى جۈملىنى مۇقەددىمە قىلىپ مۇنداق دېدى: ھەق بولغان ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە پايدىلىق ئىشلاردا ھايا قىلغانلىقتىن ھەقىقەت مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىشتىن چەكلەنمەيدۇ، ئۇممۇ سۇلەيم سوئالىنى سىلىقلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇدۇل سوئالىنى باشلىدى ۋە دېدى: ئايال كىشى چۈشىدە ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ چۈشىسە ئۇنىڭغا غۇسلى قىلىش ۋاجىب بولامدۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: شۇنداق، ئويغانغاندا شەھۋەت بىلەن كەلگەن مەنىنى كۆرسە غۇسلى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ، دېدى

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3351